ئۇيغۇنلۇق




# HUGO BOSS
# تەمىنلىگۈچىنىڭ ئىش مىزانى

## مۇقەددىمە

**HUGO BOSS** **تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ ئىش مىزانى ئەخلاقى تىجارەت ئەمەلىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە رىئايە قىلىش، كىشىلىك ھوقۇق، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي ئۆلچەمگە رىئايە قىلىش، مۇھىت ئاسراش مەسىلىلىرىگە ئالاھىدە ئەمەل قىلىدىغان ئومۇمىي ئۆلچەمنى بېكىتتى. بۇ ئۆلچەم- تەلەپلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) نىڭ ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى، ب د ت نىڭ سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇقتا دائىر يېتەكچى پىرىنسىپى، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ تۈپ ئەھدىنامىسى (ILO) ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى كۆپ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپى (OECD) ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا «ب د ت كىلىمات ئۆزگىرىشى رامكا ئەھدىنامىسى» (UNFCC)نىڭ «مودا كەسىپلەر كىلىمات ھەرىكىتى نىزامى» پىرىنسىپىمۇ تەتبىقلىنىدۇ. بۇ ئۆلچەملەر HUGO BOSS بارلىق تەمىنلىگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى بېكىتىش دەپ چۈشىنىلدى. تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ خىزمەتچىلەرگە HUGO BOSS تۈزگەن ئۆلچەم- تەلەپلەرگە ۋە شۇنداقلا دۆلەت قانۇنىغا ئاساسەن بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئۇقتۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار.**

**HUGO BOSS تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ ئىش مىزانى HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەر ۋە شىركەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچى تەرەپ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۆلچەمنىڭ ئاساسى. HUGO BOSS تۈزگەن تەلەپ- ئۆلچەملەر ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم دەپ قارىلىشى كېرەك، HUGO BOSS نىڭ قارىشىچە، بۇ ئۆلچەم مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالغان دۆلەت/رايوندا ساقلىنىۋاتقان ھەرقانداق يېتەرلىك بولمىغان قانۇنىي شارائىتنى تولۇقلاشنى مەقسەت قىلغان دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ قانۇن بەلگىلىمىسى HUGO BOSS بەلگىلىگەن ئۆلچەم- تەلەپلەر بىلەن ئوخشاش نىشاننى قوغلاشسا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە مۇھىتنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش قانۇن-نىزاملىرىغا ماس كېلىدۇ. HUGO BOSS قەرەللىك تەكشۈرۈشنىڭ تەلەپكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكنى ھەممە زۆرۈر بولغاندا تەكشەش ھوقۇقنى ساقلاپ قالىدۇ. HUGO BOSS ھەر بىر دېلودا بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئۇسۇلنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق . HUGO BOSS بارلىق HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانىنىڭ ئۆلچىمنى ئۆزىنىڭ ئىككىلەمچى دەرىجىلىك تەمىنلىگۈچى سودىگەرلىرىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ھەممە قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە رىئايە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. تەمىنلەش زەنجىرىدىكى بېكىتىلگەن ئۆلچەمگە خىلاپ ھەرقانداق كونكرېت ئالامەتلەرنى دەرھال چوقۇم تېزدىن HUGO BOSS قا دوكلات قىلىش كېرەك.**

**ئەگەر تەمىنلىگۈچى سودىگەر بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە رىئايە قىلالمىسا، HUGO BOSS ئايرىم ئەھۋاللارنىڭ بارلىق ئەھۋالى ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلىرىنىڭ ئېغىر – يېنىكلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن جازالاش ھوقۇقنى ساقلاپ قالىدۇ. بارلىق تەلەپلەر كەسپىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي توختام تەركىبىي قىسمى دەپ قارىلىدۇ . ئەگەر كەينى-كەينىدىن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلسا، HUGO BOSS. كەسپىي مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش ھوقۇقنى ساقلاپ قالىدۇ.**

### 1. قانۇن ۋە ئەخلاق سودا ئادىتىگە رىئايە قىلىش كېرەك

**HUGO BOSS بارلىق تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە خەلقئارا ئۆلچىمگە رىئايە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەرقانداق شەكىلدىكى ئالدامچىلىق، چىرىكلىشىش ۋە نامۇۋاپىق مەنپەئەت بېرىش مەنئىي قىلىنىدۇ. كەسپكە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى چوقۇم ئوبيېكتىپ ئاساستا چىقىرىش كېرەك، سۇبيېكتىپ مەنپەئەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە HUGO BOSS بارلىق تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر، پايچىكلار ۋە**

دېرىكتورلارنىڭ مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش، پۇل يۇيۇش، جازالاش ۋە باج يىغىش قانۇن-نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشنى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىككىلەمچى دەرىجىلىك تەمىنلىگۈچى سودىگەرلىرىگە مۇناسىپ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ھەرقانداق بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تېزدىن پەرقلەندۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەگەر بۇ خىل ھوقۇقىا دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا بەرگەن ئۈچۈر، سانلىق مەلۇمات ۋە سودا مەخپىيەتلىكنى قوغداش ھەمدە تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ ئۈچۈرلارنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش ياكى يۇيىۋېتىش مەجبۇرىيىتى بار.

## 2. كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەمگەك ئۆلچىمى

ئىنساني ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىش HUGO BOSS نىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بارلىق تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى بارلىق سودا پائالىيەتلىرىدە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇققا رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. HUGO BOSS ھەرقانداق قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشقا قەتئىي يول قويمايدۇ . تەمىنلىگۈچى خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىش ئۈچۈن مەخپىي ياكى نامسىز ئەرز قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا تەمىنلەش زەنجىرىدىكى بارلىق تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ خىزمەتچىلىرى HUGO BOSS تەمىنلىگەن ھەقسىز ۋە مۇستەقىل پاش قىلىش يوللىرىنى ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق ( قوشۇمچە ھۆججەتكە قاراڭ ). بارلىق تەمىنلىگۈچىلەر ئۆز خىزمەتچى خادىملىرىغا مۇۋاپىق ئۇسۇلدا مەزكۇر سىستېمىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت يەنە، HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەردىن ئىنساني ھوقۇق سىياسىتىگە رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ سىياسەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇنۇملۇك نۇسخىسىنى شىركەت توربېتىدىن تاپقىلى بولىدۇ.

### 2.1 بالا ئىشچىلار

HUGO BOSS ھەرقانداق شەكىلدىكى بالا ئىشچىلارنى قاتتىق رەت قىلىدۇ. شۇڭا، تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ بالا ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇ بالا ئىشچى ئېنىقلىمىسى ILO نىڭ دۇنياۋى ئېتىراپ قىلىنغان ئۆلچىمىگە ئاساسەن بېكىتىلسە بولىدۇ. ILO نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى باشلىغانلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېشى 15ياش ياكى، 15 ياشتىن يۇقىرى دەپ دۆلەت بەلگىلىگەن قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن يېشىدىن يۇقىرى بولىدۇ. لېكىن ئادەتتە باللار مەجبۇرىي مائارىپ تەلىپى ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ئىشقا ئورۇنلاشماسلىقى كېرەك. مەيلى بۇ قانۇن-نىزاملارنىڭ قايسىسى تېخىمۇ كەڭ قوغداش بىلەن تەمىنلەشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ماس كېلىدۇ. ئەگەر ئىشچى-خىزمەتچىلەر 18 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن خىزمەتنى باشلىسا، چوقۇم بەزى ئۆلچەملەرگە ماس ھالدا ياش خىزمەتچىلەرنى قوغدىشى كېرەك. بۇلار خەلقئارا ئۆلچەمگە ئاساسەن، HUGO BOSS نىڭ بالا ئەمگەك ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقدار كۆرسەتمىسى بويىچە خۇلاسىلىنىدۇ.

### 2.2 يەرلىك خەلق ۋە يەرلىك مەھەللىلەر

يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەلۇم رايون ياكى تېررىتورىيە بىلەن، شۇنداقلا شۇ يەرگە جايلاشقان تەبىئىي بايلىقلار بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بار. HUGO BOSS ئۆزىنىڭ يەرلىك خەلق ۋە شۇ جايدىكى مەھەللىلەرنىڭ يەر ۋە تەبىئىي بايلىققا بولغان ئەنئەنىۋى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە قوغداش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تونۇپ يېتىكلىك بولۇپ، بۇ ھوقۇقلار شىركەتنىڭ كەسپىي پائالىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىشى ياكى شىركەتنىڭ كەسپىي پائالىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن، تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەردىن بۇ خىل ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى تونۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. تەرتىپ ۋە ئۆلچەم بېكىتىش يەرلىك خەلق ۋە يەرلىك مەھەللىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوغداش ھەمدە ئۇلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەش جەريانىغا قاتنىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر.

### 2.3 ئۆيدىن ئىشلەش

ILO ئۆيدىن ئىشلەشنى بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە ياكى ئۆزى تاللىغان باشقا بىر جايدا قىلغان ھەرقانداق خىزمەتنى كۆرسىتىدۇ دەپ بېكىتىدۇ، ئەمما ئىشلەتكۈچىنىڭ تىجارەت سورۇنى بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ خىزمەت ھەقلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئىشلەتكۈچى بەلگىلىگەن مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت پەيدا قىلىنىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا ئۆيدىن ئىشلەشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، ئەگەر شەخس ئائىلە مەجبۇرىيىتى تۈپەيلىدىن باشقا خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنالمىسا. HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ بەزى قىسمىنى ئۆيدىن ئىشلەشكە يول قويىدۇ. ئەگەر ئۆيدىن ئىشلەش ئېلىپ بېرىلگەن بولسا، چوقۇم خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەگەر تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تەمىنلىگۈچى سودىگەرلىرى ئۆيدىن ئىشلەش ئېلىپ بېرىلغان بولسا، تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر بۇ خىل خىزمەتنىڭ دائىرىسى ۋە داۋاملىشىش ۋاقتىنى HUGO BOSS غا ئۇقتۇرۇشى كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆيدىن ئىشلەش ئارتۇق ھۆججەت ۋە خىزمەت ۋاقتىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىدۇ. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى تەكشۈرۈش مەزگىلىدە ، HUGO BOSS ھۆججەت بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ .

### 2.4 مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە زامانىۋى قۇللۇق

HUGO BOSS مەجبۇرىي ئەمگەك، نوپۇس ئەتكەسچىلىكى ۋە ھازىرقى زامان قۇللۇق تۈزۈمى قەتئىي يول قويماسلىق سىياسىتى قوللىنىلىدۇ. تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر مەجبۇرىي ئەمگەك، قۇل، مەھبۇسلارنى ياكى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەركىن بولمىغان باشقا ئىشچىلارنى مەجبۇر ئىشلەتسە بولمايدۇ. بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە شىركەتتىن ئايرىلىش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك . ئەگەر تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر تۇرالغۇ ياتاق قاتارلىق ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىگەن بولسا، بۇ خىل ئەسلىھەلەرنى ئىشلەتكەن خادىملارنىڭ باشتىن ئاخىر ئەركىن ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ بارلىق خادىملىرى چوقۇم ئۆزلىرى شۇغۇللىنىدىغان خىزمەت تىپىنى ئەركىن تاللىشى كېرەك ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە مۇۋاپىق ئۇقتۇرۇش مەزگىلىدە ھەرۋاقىت ۋاقىتتا ئىستىپا بەرسە بولىدۇ. خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى چەكلەشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئىشلەتكۈچى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئامانەت پۇلى ياكى كىملىك ھۆججىتى ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھۆججەتلەرنى ساقلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

### 2.5 ئۈچىنچى تەرەپ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش

ئەگەر ئۈچىنچى بىر تەرەپ خىزمەتچى قوبۇل قىلىشقا ھاۋالە قىلىنغان بولسا، تەمىنلىگۈچى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈپ چىقىپ، HUGO BOSS تەمىنلىگۈچىلەر تىجارەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچى تەرەپكە ھاۋالە قىلىش ھەققى ھەرگىزمۇ خىزمەتچىلەرگە ئارتىپ قويۇلماسلىقى كېرەك . بولۇپمۇ ئۈچىنچى تەرەپنىڭ يۆتكەپ ئىشلەتكەن ئىشچىلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشى ھەمدە تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەردىن تەرتىپنى كۆچەيتىپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىش شارائىتىنى باشتىن- ئاخىر ئوچۇق، چۈشىنىشلىك ھالدا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن خەۋەردار بولۇشىغا ئىگە قىلىشى كېرەك. HUGO BOSS نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، چوقۇم ئۈچىنچى تەرەپنىڭ ھاۋالە قىلغان ئۈچۈرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

### 2.6 كەمسىتىش

ئىشقا قوبۇل قىلىش، مائاش، ئۆستۈرۈش، ئىنتىزام جازاسى، ئىشتىن بوشىتىش، پېنسىيەگە چىقىش ۋە پۈتكۈل خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش مۇناسىۋىتىدە بارلىق خادىملارنىڭ باراۋەر پۇرسەت ۋە باراۋەر مۇئامىلىدىن بەھرىمان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ياش، سالامەتلىك ئەھۋالى، جىنسى ياكى جىنسىي ئىپادىلەش، تېرە رەڭگى، جىنسىي قىزىقىش، ئەقلىي

**ئېقتىدارى ياكى جىسمانىي مېيىپ، كېلىپ چىقىشى، دۆلەت تەۋەلىكى، ئىرقى ياكى مىللەت، ئىجتىمائىي كوللىكتىپ، دىنىي ياكى دۇنيا قاراش، سىياسىي قاراش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىقى ياكى باشقا شەخسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ھەرقانداق شەكىلدىكى كەمسىتىشلەر مەنئى قىلىنىدۇ. تەمىنلىگۈچى تەرەپ بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۈچۈن پائال تىرىشىشى كېرەك.**

**ئاجىز توپتىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ توقۇمىچىلىقتىكى نىسبىتى زىيادە يۇقىرى بولغاچقا، كەمسىتىش قىلمىشىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇپ قېلىشىنىڭ خەتىرى ناھايىتى يۇقىرى. شۇڭا باللار، ياش ئىشچىلار، ئاياللار، دېھقان ئىشلەمچىلەر، يەرلىك خەلقلەر، ۋاكالەتچىلەر، ئائىلە خىزمەتچىلىرى ۋە ۋاقىتلىق ئىشلەمچىلەرنىڭ ھوقۇقى مەلۇم دەرىجىدە خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ.**

**HUGO BOSS ئۆزىنىڭ سودا پائالىيىتى دائىرىسىدە، بۇ گۇرۇپپىلارنى قوغداشقا مەخسۇس چارە قوللىنىپ، تەمىنلىگۈچىلەردىنمۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.**

### 2.7 پاراكەندىچىلىك ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىك

**پاراكەندىچىلىك سېلىش دائىرىسى زوراۋانلىق، تەھدىت ياكى بەدەن ئۇچرىشىش قاتارلىق ناچار شەكىللەردىن تارتىپ مەسخىرە قىلىش، خىزمەتداشلىرىنى ئەخمەق قىلىش ياكى قول ئاستىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىشنى رەت قىلىش قاتارلىق روشەن بولمىغان قىلمىشلارغىچە ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.**

**ئۇ يەنە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىززەت-ئابرويى ياكى پىسخىكىسى ياكى بەدەن مۇكەممەللىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان باھا، ھەرىكەت ياكى قول ئىشارىتىگە تەسىر كۆرسىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز ياكى بەدەن ھەرىكىتىگە چېتىلىشى مۇمكىن.**

**جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش بىر خىل ئالاھىدە ئېغىر بولغان پاراكەندىچىلىك سېلىش شەكلى. جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىشقا قارشى ئېلىنمايدىغان جىنسىي قىلمىش، گەپ-سۆز ياكى جىسمانىي جەھەتتىكى مەسخىرە ياكى جىنسىي زەخىملىنىش / كەمسىتىش خاراكتېرلىك سۆز ياكى قىلمىش دەپ بېكىتىلگەن.**

**بىز جىنسىي زوراۋانلىق مەسىلىسىگە ئاساسەن ئاساسلىقى ئاياللار ۋە جىنسىي ئاز ساندىكى كىشىلەرگە قارىتىلغان زوراۋانلىق مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز كېرەك. HUGO BOSS بۇ خىل ۋەقەلەرگە يول قويمايدۇ ھەمدە تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ بۇ كىشىلەرنى قوغداشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، خىزمەتچى خادىملار ۋە باشقۇرغۇچىلار ئۈچۈن مۇۋاپىق مىزان، جەريان، تەربىيەلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش كېرەك.**

### 2.8 ئىنسانىي خىزمەت شارائىتى

**چوقۇم باشتىن ئاخىر خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچكى قىممىتى، شەخسىي سىرى ۋە شەخسىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. جىسمانىي، روھى، جىنسىي ياكى گەپ- سۆز بىلەن خورلاش، شۇنداقلا جازالاش، ھۇجۇم قىلىش ياكى قورقۇتۇش مەنئىي قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ خۇسۇسىي ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك قىسمىنى ئىشلەتكەندە ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرت. تەمىنلىگۈچى سودىگەر چۈشىنىشلىك بولغان چۈشەندۈرۈش ياكى مۇۋاپىق نازارەت قىلىش ئارقىلىق بۇ نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىنتىزام جازاسى تەدبىرلىرى يەقەت قانۇن ياكى HUGO BOSS تۈزگەن بەلگىلىمە ئىچىدە يۈرگۈزۈلۈشكە يول قويۇلىدۇ ھەمدە باشتىن ئاخىر كونكىرىت ئەھۋالغا ماس كېلىشى كېرەك.**

### 2.9 ئادىل تۆلەم

**ئىشلىگۈچى خادىملار ئادىل ھالدا تولۇقلىما ئىلىشقا ھوقۇقلۇق، بۇ تولۇقلىما ئۆزلىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، بۇ تولۇقلىما نورمال خىزمەت ھەپتىسى ئىچىدە بۇلىدۇ. HUGO BOSS غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغان پۇل ۋاستىسىنىڭ بارلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ يېمەكلىك، سۇ، تۇرالغۇ، مائارىپ، داۋالاش ساقلىقنى ساقلاش، قاتناش ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەۋشەپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان كىرىمى بولۇشى ۋە كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا زاپاس ساقلاش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئادەم ئىشلىتىش توختامى ۋە مائاش تالونى شەكلىدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە كېڭىشىش شەرتىنى يازما ئۇقتۇرۇش كېرەك. تەمىنلىگۈچى سودىگەرنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن مائاشنى بېرىش مەجبۇرىيىتى بار، ئەگەر مائاش كەسىپ ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولسا، كەسىپ ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغان مائاشنى بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. ئەگەر تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر كەسىپ ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى مائاشنى تاپشۇرالمىسا، دەرھال HUGO BOSS غا ئۇقتۇرۇشى ھەمدە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. مۆلچەرلىنىشچە تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر HUGO BOSS بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئادىل مائاش سەۋىيىسىنى تەدرىجى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئادىل مائاشقا ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، مەيلى ئۇنىڭ جىنسى ياكى باشقا كۆپ خىللىق ئۆلچىمى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، HUGO BOSS بارلىق تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدى .**

**بۇنىڭدىن باشقا، ئالاھىدە پاراۋانلىققا ئائىت بارلىق قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە باشقا ھەرقانداق تەدبىقلىنىدىغان تەلەپلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك( مەسىلەن كوللېكتىپ سۆھبەت كېلىشىمى). ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەش ۋاقتىنى چوقۇم قوشۇمچە ھەق بىلەن تۆلىشى كېرەك. قانۇندا بەلگىلەنگەن قانۇندا ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى بىلەن ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەشكە تۆلەم بېرىشكە يول قويۇلىدىغان جايدا، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش چوقۇم ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشقان مەزگىلدە ھامىلدار بولۇپ قالغان خىزمەتچىلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن بارلىق پاراۋانلىق ۋە كاپالەتكە ئېرىشىشى كېرەك. تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ مائاش تۇتۇۋېلىشنى ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈش تەدبىرى قىلىشنى چەكلەش كېرەك. ئەگەر دۆلەت قانۇنىدا خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت قىلمىغانلىق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىشتىن بوشىتىلىشنى چەكلىسە، ئالدى بىلەن بۇ خىزمەتچى خادىمغا پۇل ئىنتىزام تەدبىرى قوللانمىسىلا، بارلىق تەدبىرلەر پەقەت كونكرېت دېلولارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئويلاشقان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەمىنلىگۈچى سودىگەر چوقۇم تەرتىپ باسقۇچلىرىنى ھۆججەت قىلىپ خاتىرىلىشى كېرەك.**

### **2.10 خىزمەت ۋاقتى**

**دۆلەتنىڭ خىزمەت ۋاقتى بەلگىلىملىرىگە چوقۇم رىئايە قىلىش كېرەك، جۈملىدىن تەدبىقلىنىدىغان دەم ئېلىش ۋاقتى، تەتىل ۋاقتى ۋە دەم ئېلىش بەلگىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى ياكى بۇ بەلگىلىملەر خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمىسە، نورمال ئىش ۋاقتى 48 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. رۇخسەت قىلىنغان ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەش ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، بىر ھەپتە ئىچىدە ئومۇمىي خىزمەت ۋاقتى 60 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەشكە قوشۇلغان ياكى ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەش ۋاقتى قانۇن ياكى تەتبىقلىنىدىغان كوللېكتىپ سۆھبەت كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن ھەمدە مۇناسىپ تولۇقلىما پۇلغا ئېرىشكەندىلا ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەشكە يول قويۇلىدۇ. تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ۋاقتىنى ئىز قوغلاش ئۈچۈن خىزمەت ۋاقتىنى خاتىرلەش سىستېمىسىنى يولغا قويۇشى كېرەك، بۇ سىستېما ھەر بىر خىزمەتچىنىڭ خىزمەت كۈنىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى خاتىرلەيدۇ. بۇنى ئېلېكترونلۇق ياكى قولدا ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قۇرغىلى بولىدۇ. قولدا ئىشلىتىش سىستېمىسى بولغان ئەھۋالدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەر ئايدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم خاتىرلەنگەن خىزمەت ۋاقتىنى جەزملەشتۈرىشى كېرەك. ھامىلدار بولغىلى يەتتە ئاي ياكى ئۇنىڭدىن ئاشقان خىزمەتچىلەر ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىسە ياكى كېچىلىك ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىسە بولمايدۇ، مەيلى شۇ جاينىڭ قانۇنى يول قويغان بولسۇن ياكى بولسۇن. ئۇدا ئالتە خىزمەت**

كۈندىن كېيىن، خىزمەتچىلەر ئاز دېگەندە 24 سائەت ئارام ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، خىزمەتچىلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن دەم ئېلىش ۋاقتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا هوقۇقلۇق.

### 2.11 كەسپىي ساغلاملىق ۋە بىخەتەرلىك

تەمىنلىگۈچى خادىملار خىزمەت جەريانىدا خىزمەتچىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى، ھادىسە ۋە كەسپىي كېسەللىكلەرگە قارشى مۇۋاپىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ، خىزمەتچىلەر خىزمەت ئورۇنداۋاتقان بارلىق خىزمەت ۋاقتىلىرىدا يورۇقلۇق يېتەرلىك بولۇشى، شاۋقۇن چېقىرىش دەرىجىسى چوقۇم مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. چوقۇم يېتەرلىك سەھىيە ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك، ئەسلىھەلەرنى چوقۇم ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇش ھەم جىنس بويىچە ئايرىش كېرەك. ئىشچى - خىزمەتچىلەر چوقۇم خىزمەت ۋاقتىدا سەھىيە ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىشى نامۇۋاپىق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى لازىم. تەمىنلىگۈچى تەرەپ خىزمەتچىلەرنىڭ ساغلاملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن خەۋپنى ئېنىقلاش، باھالاش، ساقلىنىش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن تەلەپلەر تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بەرگەن باشقا ئەسلىھەلەرنىمۇ كۆزدە تۇتىدۇ، مەسىلەن ياتاق تۇرالغۇ.

تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر ئىشچىلارنى خەتەرگە ئۇچراتقان ياكى ئېغىر زەخملىنىش ياكى ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى خاتىرلىشى ھەمدە زۆرۈر بولغان كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك. ئۇلار زاۋۇت، قۇرۇلما، ئېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى ۋە شەخسىي قوغدىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، مۇۋاپىق ئاسراشقا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە زۆرۈر بولغاندا ئالماشتۇرۇشى كېرەك. يوشۇرۇن زىيانغا ئۇچراشنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن شەخسىي قوغدىنىش ئۈسكۈنىلىرى ("PPE") تەلەپ قىلىنسا، PPE تەمىنلىگۈچى شىركەت ئىشچى- خادىملارغا ھېچقانداق بەدەلسىز تەمىنلەيدۇ. ھامىلدارلار ئالاھىدە قوغدىنىشقا ئېرىشىشى كېرەك. ئۇلار يۇقىرى خەۋپى بولغان پائالىيەتلەرگە تەقسىم قىلىنماسلىقى، چوقۇم قەرەللىك ئارام ئېلىشى كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

### 2.12 تەشكىلات ئەركىنلىكى ۋە كوللېكتىپ سۆھبەت

بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت ئەركىنلىكى ۋە كوللىكتىپ سۆھبەتتىن بەھرىمان بولۇش هوقۇقى بار. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ چوقۇم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ هوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزى تاللىغان تەشكىلات قۇرۇش ياكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەشكىلاتىغا كىرىش هوقۇقى بولۇشى كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەر خىزمەت شارائىتى، بولۇپمۇ ئىش ھەققى توغرىسىدا ئەركىن سۆھبەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر چوقۇم كوپېراتىپ ئەركىنلىكى ۋە كوللېكتىپ سۆھبەتلىشىش هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى، پاراكەندىچىلىك سېلىش، قورقۇتۇش، ئىشتىن بوشىتىش ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن بۇ هوقۇقتىن پايدىلىنىپ خادىملارنى پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك.

## 3. مۇھىت جەھەتتىن

HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ كەسپىي پائالىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىت تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىششىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنى ۋە بەلگىلىملىرىگە رىئايە قىلىش كېرەك. تەبىئىي بايلىقنى چوقۇم ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئۇسۇلدا ئىشلىتىش كېرەك. ئادەم، ھايۋان، مۇھىتنى قوغداش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ ئېلىپ

**بېرىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇپ، مۇھىت مەسئۇلىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق نىشان بېكىتىشى كېرەك.**

### 3.1 ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە پارنىك گازى قويۇپ بېرىش

**تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئالاقدار بارلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى ئېنىقلىشى ۋە كۆزىتىشنى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلار ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى ئازايتىش يول خەرىتىسىنى تۈزۈشى كېرەك. HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلىرىنىڭ ئېنېرگىيە ئۈنۈم تەدبىرلىرى ۋە ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئىشلىتىشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشكە قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.**

### 3.2 سۇ ئىستېمالى

**تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر چوقۇم سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنى نازارەت قىلىشى ۋە خاتىرلىشى ھەمدە مۇۋاپىق تاكتىكىنى قوللىنىپ ئەلالاشتۇرۇشى كېرەك. يەر يۈزى ياكى يەر ئاستى سۈيى مەنبەسىدىن ئېلىنغان سۇ مىقدارى ئەڭ ئاز بولغاندا دۆلەت ياكى يەرلىك تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. سۇنى تۇجۇپىلەپ ئىشلىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بار تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز كۆزىتىشى ۋە مەلۇم قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.**

### 3.3 خىمىيە سانائىتى ۋە كېرەكسىز سۇلارنى باشقۇرۇش

**ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئادەم، ھايۋانات، ياكى مۇھىتقا زىيان يەتكۈزىدىغان خىمىيەۋى بۇيۇملار ياكى باشقا ماتېرىياللارنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلسا، تەمىنلىگۈچىلەر ئۇلارنىڭ ئىشلىتىش، ساقلاش، توشۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن خەتەرلىك ماتېرىياللارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دۆلەت نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىش كېرەك. ئەگەر مۇھىت، ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئاز زىيان يەتكۈزىدىغان سەپلىمە ماتېرىيال بولسا، تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەردىن بۇ ماتېرىياللارنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەمىنلىگۈچى تەرەپ خىمىيەلىك بۇيۇملارنى ئىشلەتكەندە،** ئۇلارنىڭ خىمىيەلىك قالدۇقى ۋە كېرەكسىز سۇ ئېقىنىنى كۆزىتىشى، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. **ئۇلار چوقۇم قوللىنىشچان قانۇن تەلىپى بويىچە ئىش قىلىشى، چەكلەنگەن ھەرقانداق ماددىنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك[1] . كونترول قىلىشنى چوقۇم قەرەللىك ئېلىپ بېرىش كېرەك.**

### .3.4 كېرەكسىز نەرسىلەرنى باشقۇرۇش

**HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئىسراپچىلىقنى ئۈزلۈكسىز ئازايتىشنى ھەمدە شۇ جاينىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن قېلىپى ۋە خەلقئارا ئەھدىنامىگە ئاساسەن پەيدا بولغان ھەرقانداق كېرەكسىز ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ[2] .**

### 3.4 باشقا مۇھىت ئامىللىرى

**يۇقارقى تەپسىلىي تىزىملىكتىكى مۇھىت ھەققىدە يەنە باشقا تەدبىقلىنىدىغان دۆلەت ياكى يەرلىك بەلگىلىمە بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھاۋا قويۇپ بېرىش، يەر ئىشلىتىش، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش، شاۋقۇن، پۇراق چىقىرىش ۋە باشقا مۇھىت جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ، ھەمكارلىق ھەمراھلىرىنىڭ ئورنى ۋە كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-سەنئىتىگە باغلىق.**

## 1 غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىق

[1] ستوكھولم ئەھدىنامىسى»گە ئاساسەن، ئۈزۈن مۇددەتلىك ئورگانىك بۇلغىمىلار قانۇن-نىزاملىرىدا تىزىپ چىقىلغان ماددىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، خىمىيەلىك ماددىلارنى بىخەتەر ئىشلىتىشتە مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى بارلىق تەلەپلەر چوقۇم REACHمەھسۇلاتلار جەھەتتىكى بارلىق تەلەپلەر چوقۇم (EC)2006/1907 قانۇن گە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

[2] مەسىلەن، «باسېل ئەھدىنامىسى» خەتەرلىك كېرەكسىز ماددىلارغا چېتىلىدۇ، شۇڭا چوقۇم رىئايە قىلىش كېرەك

**HUGO BOSS تورلۇك غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ۋە مۇھىت شارائىتىنى ياخشىلايدۇ. بۇ خىل ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى رامكىسى ئىچىدە HUGO BOSS ئەڭ دەسلەپتە تەشەببۇس قىلغان ھەرقانداق تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى بۇ ھەمكارلىق ھەمراھ تەشكىلاتلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ.**

## 2. ئاخىرقى بەلگىلىمە

**HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ HUGO BOSS نىڭ رىئايە قىلىش ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ ھەمكارلىق ھەمراھلىرىدىن مۇۋاپىق تەدبىرلەر (مەسىلەن باشقۇرۇش سىستېمىسى، قوللانما، تەربىيەلەش دەرسلىكى ۋە تەرتىپ قېلىپىنى) ئارقىلىق ئىمكانقەدەر قوللاپ يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەمىنلىگۈچى خادىملارنىڭ ھەممىسى چوقۇم بۇ يەردە سۆزلەنگەن تېمىلاردا، قەرەللىك ھالدا مۇۋاپىق تەربىيەلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ بۇ ئۆلچەم تەلەپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى تەمىنلىگۈچى سودىگەرلىرى ۋە ھەمكارلىق ھەمراھلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەمدە مۇۋاپىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. HUGO BOSS ئالاقىدار مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ قاتنىشىشىدا « تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئىش مىزانى» (ئاز دېگەندە ھەر يىلى بىر قېتىم)نىڭ ھوقۇقىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن «مىزان»نى تەڭشەيدۇ ھەمدە ھەرقانداق ئۆزگەرتىشنى تەمىنلىگۈچى سودىگەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.**

**قوشۇمچە ھۆججەت:**

**HUGO BOSS پاش قىلىش يولىنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئۇچۇر**

**HUGO BOSS خىزمەتچىلىرى، ئۆزىنىڭ ھەمكارلىق ھەمراھى ۋە تەمىنلىگۈچى سودىگەرلىرى ھەمدە شىركەتنىڭ خېرىدارلىرى ۋە باشقا ئۈچىنچى تەرەپلىرىدە ئىجتىمائىي ئۆلچەم، خىزمەت شارائىتى ياكى ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسى ياكى ئەرز بولسا، HUGO BOSS ياكى HUGO BOSS مەمۇرىي تەپتىش خادىمى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشقا ھوقۇقلۇق. HUGO BOSS ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرۇش قانىلى HUGO BOSS بەلگىلىمىگە خىلاپ تارماقلار بىلەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە ئىمزاسىز پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەن تەمىنلەيدۇ. HUGO BOSS قانىلى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن 50 خىلدىن ئارتۇق تىلدا تەمىنلىنىدۇ:**

[HUGO BOSS ئەركىن پىكىر قىلىش قانىلى]

---

**ياكى تۆۋەندىكى QR-Code سكەنىرلەش ئارقىلىقمۇ بولىدۇ:**

**HUGO BOSS**

ئوخشاشلا، شەخسىي ئالاقىلىشىش ئېھتىماللىقى بىلەن تەمىنلەيدىغان تەك ئۇنۇملۇك تاللاش تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن HUGO BOSS مەمۇرىي تەپتىش خادىمى ئالاقىلاشقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قانۇنسىز سودا قىلمىشى، ئىنسانىي هوقۇقىقا دەخلى-تەرۇز قىلىش ياكى HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر ئۆلچىمىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئەسكەرتىش بىلەن تەمىنلىسە بولىدۇ.

HUGO BOSS مەمۇرىي تەپتىش خادىمى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ئالاقىلىشالايدۇ:

دوكتور كارستېن Thiel von Herff
تاشقى ئادۋوكات تېلفۇن: 00800 6628376266
يانفون: +49 151 58 23 03 21
ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى: ombudsmann@thielvonherff.com
Thiel von Herff ئادۋوكات
لوبېر چوك كوچىسى 4-نومۇر 33602 پېلفېرد
گېرمانىيە

بارلىق ئەسكەرتمە قاتتىق مەخپىيەتلىكنى ساقلايدۇ . قانۇندا بەلگىلەنگەن بۇنىڭدىن سىرتقى ئەھۋال بولمىسلا، پاش قىلغۇچى ۋە پاش قىلغۇچىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق شەخسلەرنىڭ سالاھىيىتى پەقەت پاش قىلىشنى قوبۇل قىلىشقا ياكى كېيىنكى تەدبىر قوللىنىشقا مەسئۇل شەخسلەرگە ئاشكارىلىنىدۇ.

پاش قىلغۇچىدىن ھەرقانداق ئۆچ ئېلىش مەنئىي قىلىنىدۇ. بۇمۇ تەھدىت سېلىشقا ياكى جازالاش تەدبىرىنى يولغا قويۇشقا ماس كېلىدۇ.

سىز ھەرۋاقىت تۆۋەندىكى خەلقئارا نومۇرلار ئارقىلىق HUGO BOSS مەمۇرىي تەپتىش خادىمى بىلەن ھەقسىز ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ. كەسپىي ئاغزاكى تەرجىمانلىرىنى ئىشلەتكەندە ھەر قانداق تىل توسالغۇسىنى يەڭگىلى بولىد